## 2146 ـ ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامى

**سۇئال**

ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامى دېگەن نېمە؟، ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟، ئۇنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بىرىنچى: ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامى دېگەن: شەرت ۋە ئاساسلىرى تولۇق بولغان ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان مال ۋە خىزمەتكە قىلىنغان توختامدىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى: ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامىدا تۆۋەندىكى ئىشلار شەرت قىلىنىدۇ:

ئا–ياسىتىدىغان نەرسىنىڭ قانداقلىقى، تۈرى، مىقدارى ۋە ئۇنىڭدا تەلەپ قىلىنىدىغان سۈپەتلەرنى تولۇق بايان قىلىش.

ب–ياساپ تاپشۇرىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتىش.

ئۈچىنچى: ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامىدا ياساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى كېيىن ئىش پۈتكەندە بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە باسقۇچقا بۆلۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ. (ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشكىنىگە باغلىق).

تۆتىنچى: ياسىتىشنى تەلەپ قىلىش توختامى، ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق كەلگەن توختامنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە بېسىم بولمىغان ئەھۋالدا، شەرتنىڭ جازاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا توغرا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.